بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

13- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾.

**ئايەتنىڭ تەرجىمىسى**

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيي قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار» (سۈرە ئەنفال 12- ئايەت).

**ئايەتنىڭ تەپسىرى**

الله تعالى نىڭ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى نىڭ پەرىشتىلەرگە قىلغان بۇ خىتابى مەخپىي نېئمەتتۇر. الله بۇ نېئمەتنى مۆئمىنلەرگە شۈكرى قىلسۇن دەپ ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇ خىتاب بولسا الله تعالى نىڭ ئۆز دىنى ۋە پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن پەرىشتىلەرگە: <مۆئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىدۇر».

ئىبنى جەرىر تەبەرى: «بۇ ئايەت — مۆئمىنلەرنى ساباتلىق قىلىڭلار؛ ئۇلارنى دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچلەندۈرۈڭلار؛ مەن بۇيرۇقۇمغا قارشى چىققان، پەيغەمبىرىمنى يالغانغا چىقارغان كىشىگە قورقۇنچنى، خارلىقنى ۋە تۆۋەنلىكنى تاشلايمەن دېگەن بولىدۇ» دەپ تەپسىرلىدى.

بۇ ئايەتكە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەپ تەپسىر بەرگەن:

﴿أَنِّي مَعَكُمْ﴾ — الله تعالى پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر (يەنى سىلەرگە ياردەم بېرىش، نۇسرەت بېرىش، كۈچلەندۈرۈش) بىلەن بىللە» دەپ ۋەھيي قىلدى.

﴿فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ — ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە جۈرئەتنى تاشلاڭلار ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى جۈرئەتنى ئىلھام قىلىڭلار، ئۇلارنى جىھادقا ۋە جىھادنىڭ پەزىلىتىگە قىزىقتۇرۇڭلار.

﴿سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ﴾ — كاپىرلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالىمەن، يەنى ئۇلارغا قارشى كاتتا قوشۇننى چۈشۈرىمەن. شەك-شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەرنى سابىت قىلسا ۋە كاپىرلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچنى تاشلىسا، كاپىرلار مۇستەھكەم تۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ».

ئىبنى كەسىر رحمه الله ﴿فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يەنى بېشىنى ئۈزۈۋېتىڭلار ۋە پۇت - قوللىرىنى كېسىۋېتىڭلار».

ئەللامە سەئدى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىتاب ياكى (الله: <مۆئمىنلەرنى ساباتلىق قىلىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلغان) پەرىشتىلەر ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدا پەرىشتىلەرنىڭ بەدر كۈنى بىۋاستە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىغا دەلىل بار، ياكى مۆئمىنلەر ئۈچۈن بولۇپ، الله ئۇلارنى شجائەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇشرىكلارنى قانداق ئۆلتۈرۈۋدىغانلىقىنى، ئۇلارغا رەھىم قىلماسلىقنى ئۆگىتىدۇ».

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ ﷺ قَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ جَارَهُ (وَفِي الرِّوَايَةِ الْأُخْرَى: <فَلَا يُؤْذِيْ جَارَهُ>) وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ» (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ).

**ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن، كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا قوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن (يەنە بىر رىۋايەتتە قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن)، كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

**ھەدىسنىڭ شەرھىسى**

«سەھىھ مۇسلىم»نىڭ شەرھىيسىدە ئىمام نەۋەۋى قازى ئىياز رحمه الله نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ھەدىسنىڭ مەنىسى — كىمكى ئىسلام شەرىئىتىنى لازىم تۇتىدىكەن، ئۇنىڭغا قوشنىسىنى ۋە مېھمىنىنى ھۆرمەتلەش، ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىش لازىم بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى قوشنىسىنىڭ ھەققىنى تونۇشتۇرۇش ۋە قوشنىسىنىڭ ھەققىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قىزىقتۇرۇشتۇر».

شەك-شۈبھىسىزكى، الله تعالى قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتابىدا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول-چورىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ» (سۈرە نىسا 36- ئايەت).

«يېقىن قوشنىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىمام سەئدى: «يېقىن قوشنىسىنىڭ ئىككى ھەققى بولۇپ: بىرى، قوشنىدارچىلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق ھەققىدۇر. دېمەك، قوشنىسىنىڭ قوشنىسى ئۈستىدە ھەققى ۋە ئېھسان قىلىش باردۇر» دېدى.

«يىراق قوشنائڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىمام سەئدى: «يەنى ئۇرۇق-تۇغقان ئەمەس قوشنائڭلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار. دېمەك، قوشنىسىنىڭ ئىشىكى قانچە يېقىن بولغانسېرى بىر-بىرىنىڭ ھەققى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ شۇڭلاشقا قوشنىسىغا ھەدىيە، سەدىقە، دەۋەت قىلىش؛ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ياخشىلىق قىلىش ھەمدە ئەزىيەت بەرمەسلىك ئارقىلىق قوشنىسىغا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر بولىدۇ» دەپ تەپسىر بەردى.

«ياندىكى ھەمراھلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئىمام سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئالىملار: <سەپەردىكى ھەمراھلار> دېدى، بەزى ئالىملار: <ئايالى> دېدى، يەنە بەزى ئالىملار: <مۇتلەق ھەر قانداق ھەمراھنى كۆرسىتىدۇ> دېدى. بۇ ئايەتنىڭ ھەرقانداق ھەمراھنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئەۋزەلراق بولۇشى مۇمكىن چۈنكى بۇ <ھەمراھلىق> دېگەن سۆز سەپەر قىلغان ۋاقىتتىكى ۋە سەپەر قىلمىغان ۋاقىتتىكى ھەمراھنى ھەمدە ئايالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ شۇڭلاشقا مۇسۇلمان بولغانلىقى بىلەنلا ھەمراھىنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش، ئۇنىڭغا سادىق بولۇش، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش؛ قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىقتا، ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش؛ ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ئۇنىڭغىمۇ ياخشى كۆرۈش، ئۆزىگە يامان كۆرگەننى ئۇنىڭغىمۇ يامان كۆرۈش دېگەندەك قوشۇمچە ھەقلەر يۈكلىنىدۇ. ھەمراھلىق زىيادە بولغانسېرى ھەق كۈچلىنىدۇ ۋە زىيادىلىشىدۇ» («تەپسىر سەئدى»دىن ئېلىندى).

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنا ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىۋەردى، ھەتتاكى مەن <قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويامدىكىن> دەپ قالدىم» (مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەقتە ئەبۇ شۇرەيھ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ!> دېگەنىدى، <كىم؟ يا رەسۇلۇللاھ!> دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى> دەپ جاۋاب بەردى» (بۇخارى توپلىغان).

بۇ ھەقتە ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ھەمراھ — ئۆز ھەمراھىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر، الله نىڭ نەزىرىدە قوشنىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى — قوشنىسىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر» (تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان).

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمان ئاياللار! قوشنائڭلارغا قويىنىڭ پاچىقىچىلىك نەرسىنى سۇنۇش بىلەن بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق قىلىشنى كىچىك سانىماڭلار» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم: <ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن پالانى ئايال كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپ سەدىقە قىلىدۇ ۋە كۆپ روزا تۇتىدۇ لېكىن ئۇ ئايال قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ ئايال دوزاختا> دېدى. ئۇ ئادەم: <ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن بىر ئايال روزا تۇتىدىغانلىقى، ئاز ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ۋە پارچە-پۇرات قۇرتلار (يەنى قېتىق ئۇيۇتمىسى)نى سەدىقە قىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ ۋە ئۇ قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمەيدۇ> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇ ئايال جەننەتتە بولىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى» (بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەززار، ئىبنى ھەسسان ۋە ھاكىم توپلىغان).

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه نىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن مېنىڭ بىر قوشنام بار، ئۇ ماڭا ئەزىيەت بېرىدۇ، مېنى تىللايدۇ ۋە ماڭا تارچىلىق سالىدۇ» دېگەنىدى، ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه: «قايتقىن! ئۇ كىشى سېنىڭ ھەققىڭدە

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

**ئىماننىڭ بىرىنچى رۈكنى: الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش**

سوئال: «الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەننىڭ ماھىيىتى نېمە؟

جاۋاب: «الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن — الله تعالى نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە رۇبۇبىيىتىنى (يەنى الله تعالى نىڭ بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، پادىشاھى، تەدبىر قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى)، الله تعالى نىڭ ئۇلۇھىيىتىنى (يەنى قۇلچىلىق قىلىنىشقا ئۆزى يالغۇز ھەقلىق ئىكەنلىكىنى)، الله تعالى نىڭ ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى (يەنى الله تعالى نىڭ بارلىق مۇكەممەللىك ۋە بۈيۈكلۈك سۈپەتلىرى بىلەن، گۈزەل ئىسىملار بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقىنى) الله تعالى غا يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەردە ھېچ شېرىك كەلتۈرمەستىن جەزمىي تەستىقلاش، كامىل ئىقرار قىلىش ۋە تولۇق ئېتىراپ قىلىش، ئاشۇ ئىقرارنىڭ تەلەپ-تەقەززاسىنى ئىلىمدا ۋە ئەمەلدە تەڭ ئىجرا قىلىشتۇر.

يەنى الله تعالى نىڭ يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىقرار قىلىش بىلەن قەلبنىڭ مۇتمەئىن بولۇشىدۇركى، بۇ مۇتمەئىنلىكنىڭ تەسىرلىرى (بەلگە-ئالامەتلىرى) بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ۋە الله تعالى نىڭ بۇيرۇغان بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشىدا، چەكلىگەن چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇشىدا كۆرۈلىدۇ.

سوئال: ئىماننىڭ بىرىنچى رۈكنى بولغان «الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن رۈكىننىڭ ئەقىدىدىكى ئورنى نېمە؟

جاۋاب: الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش — ئىسلامىي ئەقىدىنىڭ ئاساسى ۋە جەۋھىرىدۇر. دېمەك، ئۇ ئەڭ چوڭ رۈكن ۋە ئەڭ چوڭ ئاساستۇر. ئەقىدىنىڭ ھەممە رۈكنلىرى «الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن بۇ رۈكنغا باغلىنىشلىقتۇر ۋە ئەگىشىپ كەلگۈچىدۇر.

الله تعالى غا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا الله تعالى نىڭ يەككىلىكىگە ۋە قۇلچىلىق قىلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىگە، ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تعالى نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە رۇبۇبىيىتى (يەنى پەرۋەردىگارلىقى) ھەققىدە سۆزلىسەك، بۇ — ئەڭ چوڭ مۇتلەق ھەقىقەتتۇر ۋە ئەلۋەتتە ھەممە شەكسىز تەسلىم بولىدىغان ئىشتۇر. ھەقىقەتەن بۇنىڭغا ساغلام پىترەت، ساغلام ئەقىل ۋە ئىنساننىڭ ھېس-تۇيغۇسى ھەممىدە الله تعالى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلار دەلىلدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



ئىسلام ئاۋازى
13- سان ھىجرىيە: 1438/02/25 مىلادىيە: 2016/11/25




■ 11- ئاينىڭ 21- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتى ئېرفان رايونىدا شىئەلەرنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى شىئە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 22- كۈنى ئاتالمىش ئىسرائىلىيىنىڭ بەزى رايونلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ئوت كەتكەن، نەتىجىدە ئاتالمىش ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 60 مىڭدەك ئائىلىنى بىخەتەر رايونلارغا يۆتكىگەن، 100 لىگەن ئائىلىلەر كۆيۈپ ۋەيران بولغان. بۇ ئوت 22- چىسلا باشلىنىپ ھازىرغىچە كۆيۈۋاتقان بولۇپ، ئاتالمىش ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى باشقا دۆلەتلەردىن بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەم قىلىشنى سورىماقتا.

بۇ ئەمەلىيەتنى «مەئسەدە ئەلمۇجاھىدىن» ناملىق ئەلقائىدە جامائىتىگە چېتىشلىق جامائەت ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغىلى 5 يىل بولغان بولۇپ، مەزكۇر ئەمەلىيەت 5- قېتىملىق ئەمەلىيىتى ئىكەن. بۇ ئەمەلىيەتنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاتالمىش ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا ئەلقۇددۇس شەھىرىدە ئەزان ئېيتىشنى چەكلىگەن بولۇپ، قېرىنداشلىرىمىز بۇنىڭغا قارشى ئەمەلىي جاۋاب قايتۇرغان.

بۇ ئوت كۆيۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن بوران چىقىپ، بۇ ئوتلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ باشقا رايونلارغا كېڭەيتىۋەتكەن.

■ 11- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ھەللۇقا يېزىسىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز مەزكۇر يېزىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى يېزىدىكى ئەسكەرلەر بۇ يېزىنى تاشلاپ قاچقان. كېيىن مۇجاھىدلار بۇ شەھەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 11- ئاينىڭ 23- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل ئەكراد ۋە جەبەل تۈركمەن رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان بىر قانچە نۇقتىلارغا كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ تاغۇت قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرگەن، نەتىجىدە كۆپلىگەن تاغۇت ئەسكەرلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە يارىلانغان، بىر قانچە نەپەر ئەسكەر ئەسىرگە چۈشكەن. بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلغان ئاخباراتىدا 50 دىن كۆپرەك ئەسكىرىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 24- كۈنىگىچە بولغان 10 كۈن ئىچىدە لىۋىيە ئەسكەرلىرىنىڭ مۇجاھىدلارغا قىلغان ھۇجۇملىرىدىكى بارلىق ئۇچرىغان زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:

433 نەپەر ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 520 نەپىرى يارىلانغان. 9 دانە تانكا، بىر دانە تراكس ۋە 3 دانە BMP سى ۋەيران بولغان. بىر دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسى، 2 دانە مىنا پارتلىتىش ماشىنىسى ۋە 8 دانە ئەسكىرىي ماشىنىسى ۋەيران بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقەدىشۇنىڭ نانبولىيو شەھىرىدە بىر نەپەر گېنېرالغا قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مەزكۇر گېنېرال 3 نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 11- ئاينىڭ 24- كۈنى خىتاينىڭ جىياڭشى ئۆلكىسى يىچۇنپىڭ شەھىرىدىكى بىر ئېلېكتىر ئىستانسىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئېلېكتىر ئىستانسىنى سوۋۇتۇش مۇنارى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، نەتىجىدە 74 خىتاي ئۆلۈپ 2 سى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 25- كۈنى ئەتىگەندە، ئىراننىڭ سىمنان ئۆلكىسى شەھرۇد شەھىرىدە ئىككى پويىز بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتكەن. نەتىجىدە، دەسلەپكى مەلۇماتلارغا كۆرە 31 غا يېقىن ئادەم ئۆلگەن، قالغانلىرى يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 27- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان تىيقۇلۇ شەھىرىنى ئېفئوپىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان.

■ 11- ئاينىڭ 28- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز يەمەننىڭ ئىب ۋىلايىتى يېرىم رايونىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتى نىش رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ بولغان، 22 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە كۆپ مىقداردا قورال-ياراق، ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 11- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى مەرغاب رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن. مەزكۇر تىكئۇچار ئايروپىلان ئىچىدە بادغىس ۋىلايىتىنىڭ ئىستىخبارات مەسئۇلى ۋە شۇرا ئەزاسى قاتارلىقلاردىن 11 نەپەر مۇھىم ئادەمى بولۇپ، ھەممىسى تىكئۇچار ئايروپىلان بىلەن تەڭ ھالاك بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 29- كۈنى خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خېيلۇڭجىياڭ ئۆلكىسىنىڭ چىتەي شەھىرى جازىخې رايونىدىكى بىر كۆمۈركاندا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ نۇرغۇن خىتاي كان ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان. خىتاي دائىرىلىرى قۇتقۇزۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى جىددى تەكشۈرۈۋاتماقتا ئىكەن.

■ لىۋىيەنىڭ بىنغازى شەھىرىدىكى مۇجاھىدلار بىلەن مۇرتەد ھەفتەر ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر داۋاملاشماقتا. 11- ئاينىڭ 30- كۈنى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر نەتىجىسىدە 32 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن، 41 نەپىرى يارىلانغان، 4 دانە تانكا، 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە 2 دانە مىنا تەكشۈرۈش ماشىنىسى ۋەيران بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 30- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ ھاما شەھىرىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئايرودرومىغا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلاننى پاچاقلاپ تاشلىغان، تىكئۇچار ئايروپىلان ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن.

■ 12- ئاينىڭ 1- كۈنى ئىران ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە چارلىغۇچى ئايروپىلانى پاكىستان چېگراسىدا چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى نەپەر ئۇچقۇچى ھاياتىدىن ئايرىلغان.

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### سۈت (لَبَنٌ)

الله تعالى مۇنداق دېدى: «چاھارپايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق-تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز» (سۈرە نەھل 66- ئايەت) ۋە «ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر بولىدۇ» (سۈرە مۇھەممەد 15- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمگە الله تائام بەرسە مۇنداق دېسۇن: <ئى الله! ئۇ تائامدا بىزگە بەرىكەت بەرگىن، ئۇنىڭدىن بىزگە ياخشى نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگىن>؛ ئەگەر سۈت بەرسە مۇنداق دېسۇن: <ئى الله! ئۇ سۈتتە بىزگە بەرىكەت بەرگىن، ئۇنىڭدىن بىزگە زىيادە قىلىپ بەرگىن>».

سۈت گەرچە قارىماققا ئاددى بولسىمۇ، يارىتىلىشتا ئۈچ خىل جەۋھەردىن تەبىئىي مۇرەككەپ بولۇپ يارالغاندۇر. ئۇ ئۈچ خىل جەۋھەر: ئىرىمچىك، سېرىق ماي ۋە سۇدىن ئىبارەت.

ئىرىمچىك ھۆل سوغۇق، بەدەنگە ئوزۇقلۇق. سېرىق ماي ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىقتا مۆتىدىل، ساغلام ئىنساننىڭ بەدىنىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەنپەئىتى كۆپ، سۇ تەركىۋى ھۆل ئىسسىق، تەبىئەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە بەدەننى ھۆللەيدۇ. سۈت مۇتلەق ھالدا ھۆل سوغۇق. بەزىلەر: «سۈت ساغقاندا ھۆل ئىسسىق» دېيىشتى. بەزىلەر: «سوغۇقتا مۆتىدىل» دەپ قارايدۇ.

ئەڭ ياخشى سۈت ساغقاندىكى يېڭى سۈتتۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ يېڭى يەرلىرى كەملەپ ماڭىدۇ. يېڭى ساغقاندا سۈت سوغۇقلۇقى ئاز، ھۆللۈكى كۆپ بولىدۇ. قېتىق ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن بولىدۇ.

(تۇغۇلغىنىغا) قىرىق كۈندىن كېيىنكى ھايۋاننىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئىچىش ياخشى. ئەڭ ياخشى سۈت — ئاقلىقى يۇقىرى، پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى لەززەتلىك بولغىنى. سۈتتە ئازغىنە تاتلىقلىق ۋە نورمال ماي تەركىۋى بار. ئۇنىڭ نورمال ماي تەركىۋى ئۇنىڭ قويۇق-سۇيۇقلۇقىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. ياخشى ئوتلاقتا پاكىز سۇ بىلەن بېقىلغان، گۆشى نورمال، ساغلام، ياش جاندارنىڭ سۈتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، بەدەندە ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. قۇرۇق بەدەننى ھۆل قىلىدۇ، ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ. ئۇ ۋەسۋەسە، غەم-ئەندىشە ۋە سەۋدا كېسەللىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈتنى قوشۇپ ئىچسە ئىچكى جاراھەتنى چىرىپ كەتكەن خىلىتلاردىن پاكىزلايدۇ. شېكەر بىلەن سۈتنى ئىچسە، چىرايىنى چىرايلىق قىلىدۇ.

قايماق كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، سىل كېسەللىكىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. باش، ئاشقازان، جىگەر، تالغا ناچاردۇر. ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىش چىش ۋە چىش مىلىكىگە زىيانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قايماقنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئېغىزنى چايقىۋېتىش لازىم.

«سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم»دا: «پەيغەمبەر ﷺ سۈت ئىچسە سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئېغىزىنى چايقايتتى ۋە: <بۇنىڭدا ماي ماددىسى بار> دەيتتى» دېيىلگەن (بۇخارى 5609- ۋە مۇسلىم 796- ھەدىس).

سۈتنى تەپ ۋە باش ئاغرىقى بارلار ئىچمىگىنى ياخشى. ئۇ مېڭە ۋە ئاجىز باشقا ئەزىيەت بەرگۈچىدۇر. ئۇنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىش كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە كۆز پەردىسى توسۇلۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا بوغۇم ئاغرىقى، جىگەر توسۇلۇپ قېلىش، ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالاردا يەل پەيدا بولۇش... قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى ئۆڭشاشنىڭ چارىسى — ھەسەل ۋە يەرلىك زەنجىۋىلدەك دورا-دەرمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈت ئىچىپ ئادەتلەنمىگەن ئادەملەرگە قارىتىلغاندۇر.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرنىللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**




### ئاياغ

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. كامىل ناھايىتى ئۈشۈشىدى چۈنكى يىرتىق ئايىغىدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يىلى ئائىلىسىنىڭ يوقسۇللۇقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «ياخشى بىر كىيىم، قېلىن بىر پەلتو ۋە مەزمۇت بىر ئاياغ ئالغۇچىلىك پۇلىمىز بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!» دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

بىر كۈنى قولىدىكى سومكا بىلەن مەدرىستىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. چوڭ مەسجىدنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئەسر نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىدى. كامىل مەسجىدتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. مەسجىد ھويلىسىغا كىردى ۋە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تۇربىنىڭ يېنىغا كەلدى. سومكىسىنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەڭلىرىنى تۈردى. ئۇنىڭغا تونۇش بولغان مۇسۇلمانلار تۇربىنىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. كامىل بىر تۇربىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى سالدى. پايپىقى يەنە پاسكىنا بولغان ئىدى. يىرتىق ئايىغىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى، دەل بۇ ۋاقىتتا يېنىدا تاھارەت ئالغان بىر ئادەمنىڭ بىر پۇتىنى يۆيۈپلا ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىچارە ئادەمنىڭ يەنە بىر پۇتى يوق ئىدى. كامىل «ياخشى بىر ئايىغىم يوق» دەپ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىدىن خىجىل بولدى. بىر پۇتى بولمىغان بۇ ئادەمنىڭ بەلكىم بىر نەچچە ئاياق ئالىدىغان پۇلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى ئەمما پۇل بىلەن ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولمايتتى. كامىل نامازدىن كېيىن الله تعالى غا دۇئا قىلىپ ئۆزىگە ساغلام بىر پۇت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكرى ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ھەقتىكى شۇ سۆزى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە!: «وَكُنْ قَنِعًا تَكُنْ أَشْكَرَ النَّاسِ (قانائەتچان بولغىن، شۇنداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى شۈكۇر قىلغۇچى بولىسەن)» (ئىبنى ماجە توپلىغان).

(بېشى 1- بەتتە)

الله قا ئاسىي بوپتۇ، سەن ئۇ كىشى ھەققىدە الله قا ئىتائەت قىلغىن! (يەنى ئۇ گەرچە ساڭا يامانلىق قىلسىمۇ، سەن الله ۋە رەسۇلى بۇيرۇغان قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلغىن)» دېدى.

شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى جەمىر «قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئىماننىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېدى.

بۇ ھەقتە ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «قوشنا ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: 1. مۇسۇلمان ئۇرۇق-تۇغقان قوشنا بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ھەققى بار. بىرى، قوشنىدارچىلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانچىلىق ھەققى. 2. ئۆزى مۇسۇلمان، ئۇرۇق-تۇغقان بولمىغان قوشنا بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك ھەققى بار. بىرى، قوشنىدارچىلىق ھەققى؛ يەنە بىرى، مۇسۇلمانچىلىق ھەققى؛ 3. كاپىر قوشنا. بۇنىڭ بىرلا ھەققى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق ھەققىدۇر» («فەتھۇلبارى»دىن ئېلىندى).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن؛ كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن (يەنە بىر رىۋايەتتە قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن)؛ كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن» دېگەن سۆزىنىڭ شەرھىسى: «مېھمىنىنى ھۆرمەتلەش ئىسلامىي ئەدەبلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر».

ھەقىقەتەن ھۇسەين ئىبنى سەئىد «مېھمانىنى بىر كېچە مېھمان قىلىش ۋاجىب» دەپ قارىدى ۋە بۇنىڭغا «ئەبۇ داۋۇد»، «ئىبنى ماجە»دىكى مىقدام ئەبۇ كەرىمە رضي الله عنه نەقىل قىلغان: «پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: <مېھمانىنى بىر كېچە مېھمان قىلىش ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ۋاجىب>» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈردى (بۇ قازى ئىيازنىڭ سۆزى بولۇپ «كامال مۇئلىم شەرھى سەھىھ مۇسلىم»دىن ئېلىندى).

ئىمام خەتتابى مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ: «ماختالغان ئادەت ۋە ياخشىلىق يوللىرى ئارقىلىق مېھماننى ھۆرمەتلەش ھەققتۇر. دائىم مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى ياخشى كۈتۈش ئېسىل كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. مېھمانىنى ھۆرمەتلىمەسلىك بولسا تىللار سۆكىدىغان ۋە ئۇنى قىلغان كىشى مالامەت قىلىنىدىغان ئىشتۇر» دېدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلدى («ئەۋنۇلمەئبۇد» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

ئەبۇ شۇرەيھ ئەلخۇزائىي رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە، مېھمىنىغا بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بېرىپ ھۆرمەتلىسۇن» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «بېرىشكە تېگىشلىك نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بېرىشكە تېگىشلىك نەرسە بىر كېچە-كۈندۈزدۇر ۋە مېھمان قىلىش 3 كۈندۇر، 3 كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىلىنغان نەرسىلەر سەدىقىدۇر. مېھماننىڭ ساھىبخان ھۇزۇرىدا، ئۇنى گۇناھكار قىلغۇدەك دەرىجىدە تۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بېرىشكە تېگىشلىك نەرسە بىر كېچە-كۈندۈزدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — بىر كۈن ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئۇ كىشى بىرىنچى كۈنىدە مېھمىنىنى ياخشىلىق قىلىش ۋە مېھرىبانلىق قىلىشتىن ئىبارەت قولىدىن كەلگەن نەرسىلەرگە تىرىشچانلىق قىلىدۇ. ئەمما ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىدە مېھمانغا قېشىدا بار نەرسىلەرنى ئەكېلىدۇ. بىرىنچى كۈنىدە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىش مۇكاپاتتۇر. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنىدە يېنىدا بار نەرسىنى ئەكېلىدۇ، ئادەتتىكە زىيادە قىلمايدۇ. 3 كۈندىن كېيىن قىلغىنى سەدىقە ۋە ياخشىلىقتۇر (ۋاجىب ئەمەس)، ئەگەر قىلسا نەپلە قىلغان بولىدۇ، خالىسا قىلمايدۇ» («مەئالىمۇ سۇنەن» 4- توم 238- بەت).

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «مېھمان ساھىبخانىنىڭ ھۇزۇرىدا ساھىبخانىنى گۇناھكار قىلغۇدەك دەرىجىدە تۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — مېھمان ساھىبخانىنىڭ ھۇزۇرىدا، 3 كۈندىن كېيىن ساھىبخان ئۇنىڭ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلمىسىمۇ داۋاملىق تۇرۇۋېلىشى ھالال ئەمەس ئەمما ساھىبخان ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇشىنى تەلەپ قىلسا ۋە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، مېھماننىڭ ساھىبخانىنىڭ قېشىدا تۇرۇشى ھارام بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا ساھىبخان (مېھماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سىلىش ئارقىلىق) گۇناھقا ۋە سىقىلىشقا چۈشۈپ قالمايدۇ (نەۋەۋىنىڭ «شەرھى مۇسلىم»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جەڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىشى

قۇرەيش تەرەپ بەدر ۋادىسىنىڭ مەدىنىگە يىراق چېتىگە جايلاشقان بارگاھىدا كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەن قوشۇنلىرىنى رەتكە سېلىپ دۆڭلۈك تەرەپتىن ھەيۋە بىلەن بەدر ۋادىسىغا قاراپ تۆۋەن چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە كىشى ئۇدۇل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆلىگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنى سۇ ئىچكىلى قويۇڭلار» دېدى. ئۇلاردىن شۇ كۈنى سۇ ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. پەقەت ھەكىم ئىبنى ھىزام ئامان قېلىپ، كېيىن تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى. ئۇ قەسەمنى كۈچەيتمەكچى بولسا: «مېنى بەدردە ئامان قويغان الله بىلەن قەسەم» دەيتتى.

ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى: قۇرەيش قوشۇنى تۆۋەنگە چۈشۈپ توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇمەير ئىبنى ۋەھەب جۇمەھىنى مەدىنە تەرەپنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە سان-سۈپىتىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. ئۇمەير ئېتىغا مىنىپ، قوشۇننىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ: «تەخمىنەن 300 ئادەم ئىكەن بەلكى ئازراق كەم ياكى زىيادە چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن جىق ئەمەس. لېكىن توختاپ تۇرۇڭلار، مەن قاراپ باقاي، ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنى ياكى ياردەمچى قوشۇنى بارمۇ تېخى!؟» دېدى-دە، ئېتىنى يەنە چاپتۇرۇپ ئويمانلىقنىڭ يىراق چېتىگە بېرىپ كەلدى ۋە غەيرى ئەھۋال سەزمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ: «مەن ھېچنەرسىنى بايقىمىدىم لېكىن ئى قۇرەيش جامائەسى! بالا-قازانىڭ ئاشكارا ئۆلۈمنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يەسرىب (يەنى مەدىنە) تۆگىلىرىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئۆلۈمنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىدىن باشقا ھېچقانداق مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەسى ياكى پاناھلىنىش قارارگاھى يوق ئىكەن، ئەزىبرايى خۇدا! سىلەردىن بىرى ئۆلمىگۈچە ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلار بۇ قېتىم سىلەرنىڭ ئىقتىدارلىق ئادەملىرىڭلارنى يوقىتىۋەتسە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى! شۇڭا ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭلار» دېدى.

بۇ چاغدا (باشتىن-ئاخىر ئۇرۇش قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن) ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشامغا قارشى قوشۇنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەنە بىر پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى — ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەكىم ئىبنى ھىزام بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇ ۋەلىد (كۇنيەت ئىسمى)! سەن قۇرەيش خەلقىنىڭ كاتتىسى، ھۆرمەتكە سازاۋەر باشلىقى، سەن ئەبەدىلئەبەد ياخشى نامىڭ قالىدىغان بىر ئىشقا قىزىقامسەن؟» دېدى. ئۇتبە: «قانداق ئىش ئۇ، ئى ئەبۇ ھەكىم؟» دېگەنىدى. ھەكىم ئىبنى ھىزام: «قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىسەن ۋە ئىتتىپاقدىشىڭ ئەمر ئىبنى ھەزرەمى (نەخلە قوشۇنى ۋەقەسىدە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) نىڭ خۇن ھەققىنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن» دېدى. ئۇتبە: «چوقۇم قىلىمەن. بۇ ئىشقا سەن ماڭا كېپىل بولغىن! ئۇ دېگەن مېنىڭ ئىتتىپاقدىشىم. ئۇنىڭ خۇن ھەقلىرى ۋە بۇلاپ كېتىلگەن ماللىرى مېنىڭ زىممەمگە قالسۇن» دېدى، ئاندىن ھەكىم ئىبنى ھىزامغا: «سەن ھازىرلا ئىبنى ھەنزەلە (يەنى ئەبۇ جەھىل، ھەنزەلە دېگەن ئۇنىڭ ئانىسى)نىڭ قېشىغا بارغىن! مەن كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى شۇنىڭ پۇچىلىۋېتىشىدىن قورقىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇتبە ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇن ئىچىدە سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش خەلقى! سىلەر مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىسىلەر؟ قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر ئۇنى يەڭمەكچى بولساق، ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۆز تاغىسىنىڭ ئوغلىنى ياكى ھامماسىنىڭ ئوغلىنى ۋە ياكى ئۆز جەمەتىدىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بىز قايتىپ مۇھەممەدنىڭ ئىشىنى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە قالدۇرايلى. ئۇلار غالىب كېلىپ مۇھەممەدنىڭ ئەدىپىنى بەرسە ناھايىتى ياخشى بولغىنى. ناۋادا ئەكسىچە مۇھەممەد غەلىبە قىلىپ قالسا سىلەر ھېچقانداق زىيان تارتمايسىلەر». شۇ پەيتتە ھەكىم ئىبنى ھىزام ئەبۇ جەھىلنىڭ يېنىغا بېرىپ (ئەبۇ جەھىل بۇ چاغدا ساۋۇتلىرىنى كىيىپ جەڭ تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى): «ئى ئەبۇلھەكەم (ئەبۇ جەھىلنىڭ كۇنيەت ئىسمى)! ئۇتبە ئىبنى رەبىئە مېنى قېشىڭغا مۇنداق-مۇنداق گەپلەر بىلەن ئەۋەتتى» دېگەن ئىدى، ئەبۇ جەھىل قوپاللىق بىلەن: «ئەزىبرايى خۇدا! ئۇتبە مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى كۆرۈپلا قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كېتىپتۇ. ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. الله بىز بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئادىل ھۆكۈم بىلەن ئايرىپ قويمىغۇچە قەتئىي قايتمايمىز. ئۇتبەنىڭ ئۇنداق دېيىشى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قوشۇنىمىزغا ناشتىلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئوغلى (ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە بۇرۇنلا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن) شۇلارنىڭ قېتىدا، شۇڭا ئۇ ئۆز بالىسىدىن ئەنسىرىگەن گەپ» دېدى.

ئۇتبەگە ئەبۇ جەھىلنىڭ «ئەزىبرايى خۇدا! ئۇتبە قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كېتىپتۇ» دېگەن ھاقارەت سۆزى ئاڭلىنىۋېدى، ئۇتبە: «بۇ چۈپرەندە كىمنىڭ قورقۇپ يۈرىكى ئېغىپ كەتكەنلىكىنى يېقىندا بىلىپ قالىدۇ، مېنىڭمۇ ياكى ئۇنىڭمۇ» دېدى. ئەبۇ جەھىل بۇ قارشىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەكىم ئىبنى ھىزام بىلەن شۇنچىلىك سۆزلىشىپلا ئامىر ئىبنى ھەزرەمى (نەخلە قوشۇنىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئەمىر ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قان قېرىندىشى)گە دەرھال ئادەم ئەۋەتتى ۋە: «سېنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭ (يەنى ئۇتبەنى دېمەكچى) قوشۇننى ئۇرۇشماي قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، سەن قېرىندىشىڭنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن ئەمەسمۇ! شۇڭا دەرھال قېرىندىشىڭنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر دەرھال قوشۇن ئارىسىغا چىقىپ كاسىسىنى ئاچتى (بۇ دەرت-ئەلەمگە چىدىمىغانلىقنى بىلدۈرەتتى) ۋە: «ۋاي ئەمرى، ۋاي ئەمرى، ۋاي قېرىندىشىم! ۋاي قېرىندىشىم!» دەپ توۋلىغىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئەسەبىيىتى قايناپ، نىيەتلىرى بۇزۇلدى. ئىش تەتۈرىگە ياندى. ئۇتبە تەشەببۇس قىلغان ئاقىلانە تەدبىر تەنتەكلىك بىلەن چۆرۈپ تاشلاندى. قىسقىسى، تەنتەكلىك تەدبىر ئۈستىدىن غالىب كەلدى ۋە كۆرسىتىلگەن يۇقىرىقى بىر تۈركۈم تىرىشچانلىق ھىيلە-مىكىر بىلەن بىسىقتۇرۇلدى.

## ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە كۆرۈندى

مۇشرىكلار ھەيۋە بىلەن دۆڭ تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە كۆرۈنۈۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى الله! مانا بۇ قۇرەيش، ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە چوڭچىلىقى بىلەن سەن بىلەن قارشىلاشقىلى ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغىلى كەلدى. ئى الله! سەن ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى نازىل قىلغىن. ئى الله، ئۇلارنى ھازىر ھالاك قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە دۈشمەن قوشۇنى ئىچىدە قىزىل تۆگىگە مىنىۋالغان ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى كۆرۈپ: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىق بار دېيىلسە، چوقۇم قىزىل تۆگىلىك كىشىدە بار ئىدى. ئۇلار شۇنىڭ گېپىگە ئۇنىغان بولسا توغرا قىلغان بولاتتى» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ئۇ سەپلەرنى ئوڭشاپ تۈزەۋاتقاندا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىش يۈز بەردى: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىدا سەپ تۈزەش ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر تال تىغسىز ئوق بار ئىدى. ئۇ سەۋاد ئىبنى غەزىيە رضي الله عنه نىڭ سەپتىن چىقىپ تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ: «تۈز تۇر، ئى سەۋاد!» دەپ ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ قويۇۋېدى، سەۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئاغرىتتىڭ، قىساس ئالىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مانا قىساس ئالغىن» دەپ قورسىقىنى ئېچىپ بەرگەنىدى، سەۋاد پەيغەمبەر ﷺ نى قۇچاقلاپ، قورساقلىرىغا سۆيۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە قىلغىنىڭ بۇ ئى سەۋاد؟» دەپ سورىغانىدى، سەۋاد: «ئى رەسۇلۇللاھ! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئالدىمىزدا ئۆلۈم كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا مېنىڭ تېنىم سېنىڭ تېنىڭگە تەگسۇن دېدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ سەۋادقا خەيرلىك دۇئا قىلدى.

ئۇ سەپلەرنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇنغا ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئاندىن ئۇلارغا جەڭ قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئالاھىدە يولىيورۇق بېرىپ: «دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە، يەنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلسا ئوقيا ئېتىڭلار، ئوقيا ئاتقاندا ئوقنى ئاياپ ئېتىڭلار ۋە ئۈستۈڭلارغا بېسىپ كەلمىگۈچە قىلىچ سۇغۇرماڭلار» دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رضي الله عنه بىلەن بىللە قوماندانلىق بارگاھىغا قايتتى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه مۇھاپىزەتچى ئەزىمەتلەرنى باشلاپ بارگاھ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

1. تاتلىق ئانار ۋە ئاچچىق ئانار سۈيىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا شېكەر سېلىپ، سۇس ئوتتا قايناتقاندىن سوۋۇتۇپ ئىچىپ بەرسە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ قان تومۇرلارنى ئاسرايدۇ. جىگەر، تال خىزمىتىنى ياخشىلاپ قان تولۇقلايدۇ. قان ئازلىق سەۋەبىدىن بولغان چىراي سارغىيىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

2. سېرىكى كۈچلۈك، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدىغان، ھەزىم ئاجىز كىشىلەرگە بېھىنى توغراپ قايناتىپ، سۈيىگە ئازراق شېكەر سېلىپ ئىچىپ بەرسە، قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلارغا تېزلا ئۈنۈمى بولىدۇ (إن شاء الله).

3. ئاچچىق ئانار پوستىنى قايناتىپ، ئازراق شېكەر سېلىپ ئىچىپ بەرسە، تولا بۇرنى قانايدىغانلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).








## ئىبنى ئەلقەممىنىڭ ئابباسىيە خەلىپىسىگە قىلغان خىيانىتى

ئابباسىيە خەلىپىسى مۇستەئسىم (م1242—1258)نىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ياكى كۈچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدىكى باش ۋەزىرلىك ئىبنى ئەلقەممى دېگەن ئۆزىنى سۈننىي كۆرسىتىپ ياشىغان شىئەنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ۋەزىر خەلىپىگە ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن ۋە ئەسكەرلەردىن ئىقتىسادىي تەمىناتىنى كېسىپ تاشلىغان، نەتىجىدە نەچچە ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر ئىراقتىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ قوشۇنى 100 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ شىئە ۋەزىرنىڭ پىلانى بىلەن 20 مىڭغا يەتمىگەن ئاز ساندىكى ئەسكەر قېلىپ قالغان (ئىبنى توغرى بەردى: «چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار» 7- توم 48- بەت).

تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىبنى ئەلقەممى موڭغۇل قوماندانى ھۇلاكو بىلەن باغداد شەھىرىنى بېسىۋېلىشقا مەخپىي كېلىشىم تۈزگەن ۋە ھۇلاكونى قىزىقتۇرغان. ھۇلاكوغا مەخپىي مەكتۇپ يوللاپ تۇرغان ۋە دۆلەتنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئابباسىيە خەلىپىسى ھۇلاكو قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىگە كەلگەندە، ئەلقەممى ئەسكەرلەرنىڭ ماياشىنى ئۈزۈۋەتكەن، خەلىپىنىڭ ھىممىتىنى بوشاشتۇرۇۋەتكەن ۋە «سۈلھى ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم» دېگەن باھانە بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرغان، نەتىجىدە باغداد قارشىلىقسىز موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇلاكو ئىبنى ئەلقەممىنى باغدادتا موڭغۇللار ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىگەن (ئىبنى خەلدۇن: «ئىبرەت» 3- توم 537- بەت، پەخرى: «سۇلتانىنىڭ ئەدەب-ئەخلاقلىرى» 338- بەت).

ئابباسىيلارنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مۇستەئسىم قابىلىيەتسىز، تەجرىبىسىز، ھىممەتسىز، مال-دۇنياغا ئامراق، بوشاڭ ۋە ئىشلارنى باشقىلارغا تايىنىپ قىلىشقا تايىنىدىغان بىر ئادەم ئىدى. خەلىپىنىڭ بۇ پاسسىپ تەرەپلىرىدىن ئىبنى ئەلقەممى بەك پايدىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

قوماندان خەلىپىگە ئايال-بالىلىرى ۋە خەزىنىلىرىنى كېمە ئارقىلىق دەجلە دەرياسىدىن يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەلقەممى خەلىپىنى ئالداپ: «باغدادتىن يۆتكىلىشنىڭ ھاجىتى يوق چۈنكى مەن موڭغۇللار بىلەن سۈلھى يولىنى تەييارلاپ قويدۇم، پات ئارىدا ھۇلاكو ۋە موڭغۇللار ئىتائەت قىلغان ھالدا كېلىشىدۇ» دەپ خەلىپىنى قانائەتلەندۈرگەن (د. پۇئاد سەييىد: «موڭغۇللار تارىختا» 263- ۋە 264- بەتلەر).

ئىبنى ئەلقەممى ھۇلاكونىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىگە ئامانلىق ئېلىۋالغان ۋە قايتىپ كېلىپ خەلىپىگە: «ھۇلاكو رىمنىڭ سۇلتانىنى تەختتە قالدۇرغاندەك جانابلىرىنى خەلىپىلىك تەختىدە قالدۇرماقچى، قىزىنى سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئەبۇبەكرىگە ئېلىپ بەرمەكچى، شۇڭا ھۇلاكونىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقسىلا» دەپ يول كۆرسەتتى. شۇ سەۋەبتىن خەلىپە ۋە ئۈچ ئوغلى باغدادتىن چىقىپ، ھۇلاكونىڭ قېشىغا كەلگەندە غەزەپ-نەپرىتىنى نامايەن قىلمايدۇ. ئىبنى ئەلقەممىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خەلىپە كىشىلەرنى قورال تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ، كىشىلەر قوراللىرىنى تاشلىغاندا ھەممىسى ھۇلاكو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇلاكو باغداد شەھىرىگە ئومۇميۈزلۈك باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، كىچىك بالىلارمۇ ساق قالمايدۇ. بىتەرەپلىمە نورمال قاراشتىكى تارىخچىلارنىڭ پەرىزى بويىچە باغداد شەھىرىدە قەتلى قىلىنغان ئادەملەرنىڭ سانى بىر مىليون سەككىز يۈز مىڭ (1,800000)دىن ئېشىپ كەتكەن.

## سەفەۋىيلەرنىڭ ئەھلى سۈننىگە قىلغان خىيانەتلىرى

جاللات ئىسمائىل سەفەۋىي (1487 — 1524) دېگەن رادىكال شىئە 1502- يىلى ئىراننىڭ تەبرىز شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن «كىم شىئە ئىدىيىسىنى رەت قىلىدىكەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دەپ پەرمان چىقىرىپ 20 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئەھلى سۈننىگە ئېچىنىشلىق ئېغىر ئۆلۈم جازاسى يۈرگۈزۈپ، ئەر-ئايال ۋە كىچىكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

1510- يىلى ئىسمائىل سەفەۋىي مەرۋىدە ئۆزبېك مۇھەممەد شەيبانىنى يەڭگەندىن كېيىن مەرۋە خەلقىنى قىرىپ تاشلايدۇ. ھىرات شەھىرىدە ھىراتلىقلار گەرچە ئەھلى سۈننى بولسىمۇ شىئە مەزھىپىنى رەسمىي دۆلەت مەزھىپى قىلىپ ئېلان قىلىدۇ ۋە بىر قانچە شىئە مەكتەپنى تەسىس قىلىدۇ.

سەفەۋىيلەرنىڭ شاھى ئابباس ئەۋۋەل (1571 — 1629) شىئە مەزھىپىگە قاتتىق ھېرىسمەن بولغانلىقتىن ئەھلى سۈننىلەرگە قاتتىق كۆلپەت ياغدۇرىدۇ، پۇرسەت كەلسىلا ئەھلى سۈننىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. شاھ ئابباس ئىرانلىقلارنى ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارماي شىئەلەرنىڭ 8- ئىمامى ئەلى مۇسانىڭ قەبرىسىنى مەشھەت شەھىرىدە زىيارەت قىلىش بىلەن چەكلەشكە ئۇرۇنغان. سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارالغان ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ ئوسمانىيلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ سالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى (د. بەدى مۇھەممەد جۇمئە: «شاھ ئابباس كەبىر» 101- بەت).

مۇسۇلمانلارنى مەككىگە ھەج قىلىشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھىرىدىن مەشھەت شەھىرىگە مېڭىپ بېرىپ قويۇشنى يولغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سەفەۋىي شىئەلىرى مەككىگە بېرىشنىڭ ئورنىغا ئىراننىڭ مەشھەت شەھىرىگە ئاتالمىش «ھەج» قىلغىلى بېرىشقا ئادەتلەنگەن.

شاھ ئابباس ئەۋۋەل باغرى قاتتىق مۇشرىك بولۇپ ئوسمانىيلار ۋە ئۆزبېك ئەھلى سۈننى ئەسىرلىرىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆلتۈرمىگەندىمۇ ئاز دېگەندە كۆزلىرىنى ئويىۋېتەتتى، ئەھلى سۈننىي ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەن ھېچقانداق بىر ئەسىرنى بوش قويىۋەتمەيتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىراندا شىئە دۆلەت تىكلىگەن سەفەۋىيلەر مۇشۇ شەھەردىكى كۆپ سانلىق ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇلارنى شىئەلىككە زورلاپ ئاز سانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

## سەفەۋىيلەرنىڭ ئوسمانىيلارغا قارشى ياۋروپالىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى

سەفەۋىيلەر ياۋروپالىقلار بىلەن ئىتتىپاق ئورناتمىسا ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى بىلەن جەڭگە چۈشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سەفەۋىيلەر ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە قارشى ياۋروپا پادىشاھلىرى بىلەن توختام تۈزۈشكە ئۇرۇنغان.

ئوسمانىيلار قوماندانلىرى سەفەۋىيلەر بىلەن يۈز بەرگەن ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ياۋروپادىكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، سۇلتان سەلىمI (مىلادىيە 1512- يىلىدىن 1520- يىلىغىچە سۇلتان بولغان) ئىسمائىل سەفەۋىيگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياۋروپادىكى ھەربىي يۈرۈشىدىن يانغان شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئەڭ كاتتا سۇلتانلىرىنىڭ بىرى بولغان سۇلتان سۇلايمان (1495 — 1566) نىمسانى 6 ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولۇپ، قولغا چۈشۈرۈشكە ئاز قالغاندا شىئە سەفەۋىيلەرنىڭ ئەھلى سۈننى ئوسمانىيلار زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىش خەۋىرىنىڭ يېتىپ كېلىش سەۋەبىدىن ئۇ يەردىن چېكىنگەن.

دېمەك، سەفەۋىي شىئەلىرىنىڭ خەتىرى ئىككى تەرەپلىمە بولغان:

1. ئازغۇن ئىسمائىل سەفەۋىيلەرنىڭ ئەدىيە قارىشى ۋە ئەلەۋىي شىئەلىرىنىڭ پىتنىسىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىش.

2. بۇ باتىلنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلار.

ياۋروپا قاشتالە (ئىسپانىيەنىڭ غەربىي شىمال رايونى) پادىشاھىنىڭ ئىستانبولدىكى ۋەزىرى فرىيناد: «سەفەۋىي شىئەلىرىنىڭ تارىختا پەيدا بولۇشى ياۋروپالىقلارنى ئوسمانىيلارنىڭ قولىدا ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالغان» دېگەن (د. مۇھەممەد ھەربىدى: «ئوسمانلى-ئىران ئۇرۇشلىرى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ياۋروپاغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى» 61- بەت ۋە د. ئەھمەد خۇلى: «سەفەۋىي دۆلىتى» 87- بەت).

شاھ ئىسمائىلI دەۋرىدە كۆپلىگەن سۈيقەستلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا تارىخ گۇۋاھ. سەفەۋىيلەر بىرىنچى قېتىم ئوسمانىيلار خەلىپىسى سەلىمI تەرىپىدىن جالدىران ئۇرۇشى (مىلادىيە 1514- يىلى)دا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پورتۇگالىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ھەرىكەتلەنگەن ۋە كېلىشىم تۈزگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپالىقلار ئوسمانىيلار بېسىمىدىن بىر ئاز يوچۇق تاپقان. سەفەۋىي شىئەلىرى بىلەن پورتۇگالىيە ئەھلى سۈننى ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە قارشى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىغان (د. ئەھمەد خۇلى: «سەفەۋىي دۆلىتى» 87-، 91- بەتلەر).

شۇنداقلا شىئە سەفەۋىي دۆلىتى ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە قارشى ئىسپانىيە ۋە گوللاندىيىگە مەكتۇپ يوللاپ ئوسمان تۈركلىرىنى يانجىپ تاشلاش ئۈچۈن بىرلىشىش ئىدىيىسى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئوسمانىيلارنىڭ خەلىپىسى سۇلايمانمۇ دادىسىغا ئوخشاش سەفەۋىي دۆلىتىنىڭ ئۈچ قېتىم ئەدىپىنى بېرىپ ئىراق، ئىران ۋە ئەزەربەيجاننى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار نىجىس سەفەۋىي شىئەلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلانغان.

خۇلاسە، ئازغۇن شىئە ئېقىملىرى تۈرلۈك ئىسىم، ئوخشىمىغان ئورۇن ۋە زامانلاردا بولسىمۇ، ھەممىسى پىلان، مەقسەت، غايە ۋە ئۇسۇل-چارىلەردە ئوخشاش بولغان.

ئىسلامنىڭ كونا-يېڭى تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، شىئە مەزھەپلىرىنىڭ بىردەك نىشانى ئەھلى سۈننە ئەقىدىلىرىنى ئۆرۈپ تاشلاش، مۇسۇلمانلاردىكى ساغلام ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى داۋالغۇتۇش، كىشىلەر ئارىسىدا بىدئەت پەيدا قىلىش ۋە ئەھلى سۈننى رايونلىرىدا ئازغۇن شىئە قاراشلىرىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت.

شىئە بىلەن ئەھلى سۈننى ئارىسىدىكى كۈرەش بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا، ئىدىيە ئۆلمەيدۇ. شەكىل، چىراي ئۆزگىرىدۇ لېكىن بۇلارنىڭ ئەقلى ئۆزگەرمەيدۇ. مانا قارايدىغان بولساق، شىئە ئېقىملىرى ئىسلامنى يوقىتىش، ئەھلى سۈننىنىڭ رولىنى سىقىش ئۈچۈن خرىستىئانلار بىلەن بىرلەشمەكتە. ئافغانىستان، ئىراق ۋە سۈرىيە بۇنىڭ بىر كۆرۈنۈشى...

ئازغۇن شىئەلەر بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردە ئەھلى سۈننىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بىرەر ئىش قىلىپ سالغىنى يوق. ئەھلى سۈننىگە تەۋە ئىش بولسىلا كەيننى قىلىۋېلىپلا قالماستىن دەرھاللا قانخورلۇق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىدۇ. مەسىلەن، بوسنىيە-ھېرسەك ئۇرۇشى (1992 — 1995)، چېچىنىيە ئۇرۇشى (1994 — 1999)، كوسوۋۇ ئۇرۇشى (1999- يىلى) ۋە باشقا ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇرۇشلاردىكى پوزىتسىيىسى ۋە مەيدانى ئېنىق ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن تونۇلغان.

ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئەھۋاز رايونىدىكى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىران شىئەلىرىنىڭ قولىدا قانچىلىك بېسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىر الله لا بىلىدۇ.

سۈرىيەدىكى ئۇرۇشتىمۇ ئەھلى سۈننىگە قارشى سۈرىيەدىكى ئەلەۋى شىئەلەردىن تەركىب تاپقان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى قوللاپ ئىران ۋە لات پارتىيىسى ئەسكەرلىرى ھەر كۈنى ئەھلى سۈننى خەلقنى ئۆلتۈرمەكتە. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ پاكىت كېرەكمۇ؟

شىئەلەر كېچە-كۈندۈز ئىلگىرىكى بۇۋىلىرىنى دوراپ ئەھلى سۈننىگە خىيانەت قىلىش، مۇسۇلمانلارغا ئارقىدىن خەنجەر سېلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا. ساغلام ئەھلى سۈننى ئەقىدىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سالماقتا. ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى ئوسمانىيلار تارىخى ۋە باشقا تارىخلاردىن ئىبرەت ئېلىپ بۇلارغا قارىتا داۋاملىق ھوشيار ۋە قەتئىي ھالەتتە تۇرۇشى لازىم.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| ظَالِمٌ | زالىم | زَوْجَةُ ذاكَ الرَّجُلِ، ظَالِمَةٌ | ئاۋۇ ئەرنىڭ ئايالى زالىم |
| ظَلَمَةٌ | زالىملار | زَوْجَاتُ أُولٰئِكَ الرِّجَالِ، ظَالِمَاتٌ | ئاۋۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى زالىم |
| إِمَامٌ | ئىمام | هَذا الرَّجُلُ إِمَامٌ عَالِمٌ | بۇ كىشى ئالىم ئىمام |
| أَئِمَّةٌ | ئىماملار | هَؤُلاءِ الرِّجَالُ أَئِمَّةٌ عُلَمَاءُ | بۇ كىشىلەر ئالىم ئىماملار |
| مُعَلِّمٌ | مۇئەللىم | ذَاكَ الْمُعَلِّمُ رَجُلٌ عَاقِلٌ | ئاۋۇ مۇئەللىم ئاقىل كىشى |
| مُعَلِّمُوْنَ | مۇئەللىملەر | أُولٰئِكَ الْمُعَلِّمُونَ رِجَالٌ عُقَلَاءُ | ئاۋۇ مۇئەللىملەر ئاقىل كىشىلەر |
| مُدَرِّسٌ | ئوقۇتقۇچى | هَذَا الْمُدَرِّسُ أُسْتَاذٌ عَالِمٌ | بۇ ئوقۇتقۇچى ئالىم ئۇستاز |
| مُدَرِّسُوْنَ | ئوقۇتقۇچىلار | هَؤُلَاءِ الْمُدَرِّسُونَ أَسَاتِيذُ عُلَمَاءُ | بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئالىم ئۇستازلار |
| مُؤَذِّنٌ | مۇئەززىن | ذَاكَ الْمُؤَذِّنُ رَجُلٌ غَنِيٌّ | ئاۋۇ مۇئەززىن باي كىشى |
| مُؤَذِّنُونَ | مۇئەززىنلەر | أُولٰئِكَ الْمُؤَذِّنُونَ رِجَالٌ أَغْنِيَاءُ | ئاۋۇ مۇئەززىنلەر باي كىشىلەر |
| مُتَكَبِّرٌ | تەكەببۇر | الرَّجُلُ الْجَاهِلُ مُتَكَبِّرٌ | بىلىمسىز كىشى تەكەببۇر |
| مُتَكَبِّرُوْنَ | تەكەببۇرلار | الرِّجَالُ الْمُتَكَبِّرُوْنَ جُهَلَاءُ | تەكەببۇر كىشىلەر بىلىمسىزدۇر |